جاسارەت جاپپار

# چوغباش بىلەن شوخباش



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

جاسارەت جاپپار

# چوغباش بىلەن شوخباش

( بالىلار چۆچەكلىرى )



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

火热的脑瓜和活泼的脑瓜/加萨热提·加帕尔著·喀什:喀什维吾尔文出版社,2005.6
ISBN 7-5373-1363-6

Ⅰ火… Ⅱ.加… Ⅲ.童话—作品集—中国 —当代—维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.I287.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字 (2005) 第 073195 号

责任编辑:齐曼古丽·阿吾提
责任校对:拜合提亚尔·加苏尔

# 火热的脑瓜和活泼的脑瓜
## (童话故事)

作者:加沙热提·加帕尔

喀什维吾尔文出版社出版发行
(喀什市塔吾古孜路 14 号 邮编:844000)
各 地 新 华 书 店 经 销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
787×1092 毫米 1/32 开本 4.25 印张 1 插页
2005 年 6 月第 1 版 2006 年 8 月第 2 次印刷
印数:3081 —— 6160 定价:7.00 元

如有质量问题,请与我社联系调换 电话:0998—2653927

مەسئۇل مۇھەررىرى: چىمەنگۈل ئاۋۇت
مەسئۇل كوررېكتورى: بەختىيار جەسۇر

# چوغباش بىلەن شوخباش

(بالىلار چۆچەكلىرى)

ئاپتورى: جاسارەت جاپپار

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 ـ قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092×787 مم، 1/32
باسما تاۋىقى: 4.25 قىستۇرما ۋارىقى: 1
2005 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2006 ـ يىل 8 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 6160 ——— 3081

---

ISBN7 — 5373 — 1363—6
باھاسى: 7.00 يۈەن
سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون: 2653927 — 0998

# چۆچەك دۇنياسىدىكى خوتەن

( ئاغىنەم جاسارەت جاپپارنىڭ 2 ـ چۆچەكلەر توپلىمىغا بېغىشلىما )

قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قاپقارا لاي بىلەن ئوزۇقلىنىپ يۇ-
قىرى تەرەپكە ئۆرلەۋاتقان پىلە قۇرتى بىر كۈنلىرى
بىلىپ - بىلمەي نالە ئەيلەپتۇيۇ، لېكىن يۇقىرىلاپ ئۆمىلەۋې-
رىپتۇ. يىللار ئۆتۈپ، ئۇ يەر يۈزىگە چىقىپ قاپتۇ - دە،
كۆزى يورۇقلۇققا بەرداشلىق بېرەلمەي ئەما بولۇپ قاپتۇ.
ئەمما، ئەنە شۇ دەقىقىلەردە يورۇقلۇق ئۇنىڭ قەلبىدە پارلا-
پ، كۈننىڭ ئاپتاپلىرىنى، ئاينىڭ سۈتتەك شولىسىنى،
يۇلتۇزلارنىڭ جىمىرلاشلىرىنى سېزىپ تۇرۇپتۇ. ئۇ يەنە
يامىنشۈېرىپ كۈنلەرنىڭ بىرىدە نېپىزغىنە، مەززىلىك ھىد
ئىلكىدىكى قانداقتۇر بىر كۆرس ئۈستىگە چىقىپ قالغانلىقى-
نى بىلىپتۇ. بۇ يەردە يۇمشاق راھەتلىنىپ ئۇخلاپتۇ. قانغۇ-
چە ئاپتاپقا قاقلىنىپتۇ. بىردىن ئىشتىھاسى ئۆرلەپ شۇ يەر-
نى يالاشقا باشلاپتۇ. ئەسلىدە ئۇ چىققان جاي ئۈجمە دەرىخى
ئىكەن. پىلە قۇرتى ھەدەپ پىلە قۇسۇشقا، ئاندىن ئۇنى ئۆز
ئۆيى قىلىپ ياساشقا باشلاپتۇ.

پىلە قۇرتى قۇسقان غوزىدىن يىپەك، يىپەكتىن مەھەل-
لە، بازار… مەدەنىيەت بۆشۈكلىرى، خوتەن ناخشىلىرى،
گىلەم، تەمبۇر… لار پەيدا بولۇشقا باشلاپتۇ. كىچىككىنە



此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

پىلە قۇرتى ئۆز غەيرىتى بىلەن ئەنە شۇنداق مۆجىزىلەرنى بەرپا قىلىپتۇ...

يۇقىرىقىلار ھەقىقەتەن توقۇلما. ئەمما، ئەمگەكچان ئەجدادلىرىمىز تىرىشىپ - تىرمىشىپ بايامقى چۆچەكتىكىدەك كەچمىشلەرنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ بۈگۈنكى دەۋرنى ياراتتى. يىپەك يولى قەدىمدىن، جاھانغا ئەڭ ئىلغار مەدەنىيەت تارقاتقان غول يول ئىدى. خوتەن ئۆزىنىڭ قەدىمكى يىپەك يولى ئاستانىلىرىنىڭ بىرى، قاشتېشى ماكانى، ئىپار كېيىكى دالاسى، قىزىل گۈل گۈلىستانى، پەرھات يۇرتى، تېبابەت ئالىملىرى ۋە قەغەزچىلىك ئۇستىكارلىرى مەكتىپى... قاتارلىق سۈپەتلىرى بىلەن زامانلاردىن بۇيان نۇرغۇن گۈزەل چۆچەكلەرنىڭ تەلپۈنۈشلۈك تىلسىم جايى قىلىپ تەسۋىرلىنىپ كەلگەن ئىدى.

مانا مۇشۇنداق چۆچەك مۇھىتى قويۇق يۇرتتىن بۈگۈنكى دەۋرنىڭ چۆچەكچىلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ئەمەس. بىزنىڭ باللارنى خىيالىي دۇنياغا مەست بولۇپ، بۈگۈنكى بىرگە بىر تۇرۇپ ياشايدىغان، ئەمەلىيەتچىل، رىقابەتچىل روھتىن مەھرۇم قالارمۇ دەپ ئەنسىرىشىمىز بىھاجەت. فانتازىيە ھەقىقەتەنمۇ رېئاللىق، ئۇ گۈزەل قەلب ۋە ئىجادىي قابىلىيەت پەيدا قىلمىغان بولسا، نيۇتون ئالەملىك تارتىشىش كۈچى قانۇنىيىتىنى، ئېينىشتېيىن ۋاقىتنىڭ نىسپىيلىكىنى بايقىيالمىغان بولاتتى. چۆچەك يەنە باللارغا دۇنيانى يېقىملىق كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

مەن چوڭلارنىڭمۇ چۆچەك ئوقۇپ تۇرۇشىنى، تەبىئەتنىڭ قوپاللىشىپ مۇدھىشلىققا پېتىپ قېلىشىدىن ساقلى-

نىشىنى ئارزۇ قىلىمەن. چۆچەكلەرگە نەزەر سېلىڭلار. يېڭى - يېڭى چۆچەكلەرنى بالىلارغا ئېيتىپ بېرىڭلار. ئۇلار قەلبىنى قۇش پېيىدەك يەڭگىللەتسۇن. ئەجداد ئەنئەنىسى، ياشاش ھېكمىتى، ئادەم بولۇش يوللىرى چۆچەك ئارقىلىق بالىلارنىڭ خىيالپەرەس خۇسۇسىيىتىگە ياغدەك ياغقاچقا، قىممەتلىك تەركىبلەرنى بۇ پۇرسەتتە بالىلارغا تەبىئىيلار سىڭدۈرۈۋەتكىلى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە روھ شۇلاردىن تۈزۈلگەن زەررىلەر ئالىمى.

ئۇيغۇر بۈگۈنكى بالىلار ئەدەبىياتىدا چۆچەك ئىجادىيىتى پىكىر، ئۇسلۇب، ھەجىم، سان جەھەتلەردە بۆسۈش ھاسىل قىلالمايۋاتىدۇ. ئەخمەتجان قۇربان سابىرى، زامانىدىن پاكزات، جاسارەت جاپپار، باتۇرداۋۇت قورىغارلارنىڭ تىرىشچانلىقلىرى يېقىن كەلگۈسىدە بالىلار ئەدەبىياتىمىزدا چۆچەكچىلىكنىڭ چوڭ يۈكسىلىش تاپىدىغانلىقىنى دېرەكلەپ تۇرۇپتۇ. بىراق، بىرنەچچە ئاپتور نەچچە مىليون بالىنىڭ تەشنالىقىنى قانداقمۇ قاندۇرۇپ كېتەلىسۇن.

مەن ئاغىنەم جاسارەت جاپپارنىڭ ئۆز تىرىشچانلىقلىرى بىلەن قەدىم، بۈگۈن، ئەتىنىڭ كۆڭۈل رىشتىنى ئۇلىيالايدىغان، بالىلارنىڭ ئارامىغا زوق بولالايدىغان چۆچەكلەرنى داۋاملىق توقۇپ تۇرۇشىغا تىلەكداشمەن. ئۇنىڭ بالىلارنىڭ جىسمىدىكى پۈتمەس كۈچنى دەڭسىشىنى، قوزغىتىشىنى، ئۇرغۇتۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

دۇنيا — چۆچەكلەر بىلەن سۆيۈملۈك...

— ئابلىكىم ھەسەن

2005 - يىل 6 - ئاي

# مۇندەرىجە


مايمۇننىڭ ھېكايىسى ........................... 1
كالىنىڭ گۇۋاھلىقى ........................... 19
ئۆچكىنىڭ ساقىلى نېمىشقا ئۇزۇن ........................... 28
ئۈچ ھۇرۇن ........................... 32
بېلىققىز ........................... 36
شىر بىلەن كىرپە ........................... 50
ماختانچاق توز ........................... 56
پاراسەتلىك توشقان ........................... 71
ئەڭ ياخشى پەسىل ........................... 77
چوغباش بىلەن شوخباش ........................... 80
سېھىرلىك نەي ........................... 85
تاشپاقا بىلەن توشقاننىڭ يېڭى ھېكايىسى ........................... 96
بېلىقنىڭ شەكلى قانداق ........................... 104
تۆمۈر تۇمشۇق بىلەن ئۆمۈچۈك ........................... 107
خوراز ھەققىدە چۆچەك ........................... 110
بېلىقچى بوۋاي، تور ۋە قىزىل ئۆمۈچۈك ........................... 116
قارلىغاچنىڭ ساياھىتى ........................... 123

# مايمۇننىڭ ھېكايىسى

## 1

تۆت تەرىپى تاغ بىلەن قورشالغان بۇ زېمىننىڭ مەنزىرىسى ھەقىقەتەن گۈزەل ئىدى. ئېگىز جىرالاردىن خۇددى كۆكتىن ئاق بۇلۇت ساقىغاندەك تەكشى يېيىلىپ چۇشۇۋاتقان زۇمرەت سۇلار، سۇ ئىچىدىكى تاشلار ئارىسىدا خۇددى باللار «مۆكىمۆكىلەڭ» ئويناۋاتقاندەك قۇيرۇق سىلكىپ ئەركىن ئۈزۈۋاتقان بېلىقلار، يېشىل گىلەم ئۈستىگە تەڭگە چاچقاندەك ئېچىلىپ كەتكەن ساناقسىز قار لەيلىسى، شارقىراتما ئاستىدا قانتىنى سۇغا چىلاۋاتقان ئاق قۇلار، توقايلىقتىكى بۆدۇنىلەر...

ۋاي - ۋۇي! بۇنداق يەردە مايمۇنلار بولماي قالامتىمۇ؟ بار، چوققىسى ئاپئاق تۇرغان تاغلار ئاستىدىكى بۈككىدە ئورمانلىق ئىچىدە بىر توپ مايمۇن بار. بۇ ئورمانلىقنى مايمۇنلارنىڭ جەننىتى، دېسە ھەرگىز ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولمايدۇ.

ياشلىرى ياشانغانلىرىنىڭ دۈمبىسىنى قاشلاۋاتقان،

پىتىنى ئادالاۋاتقان، چېچىنى تاراۋاتقان؛ بالا مايمۇنلار شاختىن شاخقا تويپىتەك پىلەك - پىلەك قاڭقىپ سەكرەۋاتقان، سەكرەپ - سەكرەپ هارمايۋاتقان، ئەمدىلا تۇغۇلغانلىرى ئانىسىنى ئېمىپ، ئانىسىنىڭ چوغدەك قىزىق قۇچىقىدا ئولتۇرۇپ، دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدىن شۇڭغۇپ كىرگەن كۈن نۇرىغا قاراۋاتقان. ئەمما، بىر مايمۇن توختىماي غىڭ-شىپ دادىسىنى خاپا قىلىۋاتاتتى:

— ئوبدان دادا، تاغدا بىر - ئىككى كۈن ئويناپ كېلەي، ماقۇلمۇ؟

— يالغۇز سىرتلاردا يۈرۈش خەتەرلىك. مەن بۇنىڭ دەردىنى كۆپ تارتقان. مەنمۇ ئۇ يەر - بۇ يەرنى كۆرىمەن دەپ ئېزىقىپ كېتىپ ئۆلگىلى قىل قالغان.

— تاغدىمۇ؟

— ياق، شىمالىي مۇز ئوكياندا.

— مۇز ئوكيان دېگەن قانداق يەر؟ مۇشۇنداق ئورمان-لىقمۇ؟

— ئورمانلىقتا مايمۇنلار مەڭگۈ ئۆلۈپ قالمايدۇ. ئۇ سەن تۇغۇلۇشتىن نۇرغۇن يىللار بۇرۇنقى ئىش، — ئالتۇن يايلىق مايمۇن بىردەم سۇكۇتكە چۆمگەندىن كېيىن گېپىنى باشلىدى، — سېنىڭ هازىرقى تۇرقۇڭ مېنىڭ ياش ۋاقتىمغا بەك ئوخشايدۇ. شۇ چاغلاردىمۇ مەن سەندەك قارام ئىدىم. هېلى دەرەخكە يامىشىپ شاختىن يەرگە تىك سەكرەيتتىم، هېلى بىرىنىڭ قۇيرۇقىنى چىشلەپ قويات-تىم. شۇ كۈنلەردە بوۋاڭ، موماڭ بىلەن بىللە ساياهەتكە چىقتىم.

— قەيەرگە؟ — زاڭقىنى ئىككى قولى بىلەن يۆلەپ ئولتۇرغان بالىسى قىزىقىپ سورىدى.

— ياپپېشىل ئېكىنزارلىقتا. قوناق شاخلىرى مەيىن شامالدا يەڭگىل تەۋرىنىپ تۇرىدۇ. مۇشۇ بىلىكىمدەك چوڭ كۆكۋاشلارنى يەپتىمىز. بىردەم ماڭساق كەڭ كەتكەن تاۋۇزلۇق ئۇچرىدى. كاللامدەك تاۋۇزلار ساي تېشىدەك تولۇپ يېتىپتۇ. ئۇنىمۇ يەپتىمىز. قورساقلىرىمىز پۈۋلەگەن شاردەك يوغىناپ كەتتى. قورساقنىڭ تويغانلىقىدىن ئورنىمىزدىن تۇرساق پۇتىمىز سۇنۇپ كېتەرمىكىن، دەپ ئېغىناپ ياتساق، «تاۋۇزلۇقۇمدىكى كىم؟» دەپ يىراقتىن بىرى بىزگە قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋېتىپتۇ. دەسلەپتە بىزگە ئەگىشىپ چىققان بىرەر مايمۇننىڭ چاقچىقى ئوخشايدۇ دەپ ئېرەن قىلماپتۇق. يېقىن كەلگەندە قارىساق، بىلەك، ئېڭەكلىرىدە تۈك يا قۇيرۇقى يوق، باشقا يەرلىرى بىزگە ئوخشايدىغان بىر مەخلۇق ئۆرە ھالەتتە كېلىۋاتامدۇ، دادام: «ئادەم كەلدى، قاچايلى» دېدى. شۇ چاغدا مەن تۇنجى قېتىم ئادەمنىڭ بىلەك، ئېڭىكىدە تۈك يوق، قۇيرۇقسىز بولىدىغانلىقىنى بىلدىم. ھەممىمىزگە جان لازىمكەن. نەدىن كەلگەن كۈچكىن، ئىككى موللاق ئېتىپ «پەرتىندە» قاچتىم. مەن يۈگۈرۈۋاتىمەنمۇ يا يول يۈگۈرۈۋاتامدۇ؟ ھېچنېمىنى بىلەلمىدىم. پۇتۇم يەرگە بىر تەگكەندەك، بىر تەگمىگەندەك كۆزۈمگە ھېچنېمە كۆرۈنمىدى. بىر چاغدا قارىسام، ئاپئاق قار قاپلىغان چەكسىز دالىدا تۇرىمەن. بۇ يەرنى ئوڭۇم تۇگۇل، چۈشۈمدىمۇ كۆرۈپ باققان ئەمەسمەن. يېنىمغا قارىسام ئانام، دادام



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

يوق. قورقۇنچ بېسىپ مېڭەمدىن تۇتۇن چىقتى. ئاۋازىم-
نىڭ بارىچە «ئانا، دادا» دەپ توۋلىدىم، ھۆۋلىدىم، چىر-
قىرىدىم. ھېرىپ قالغاندا ئاۋازمۇ تۇزۇك چىقمايدىكەن.
ئۆزۈمنى خېلى باتۇر ھېسابلايتتىم. ئەمما، مېنى قورقۇنچ
باستى. «مېنى ئىزدەپ ئانام، دادام قانچە بىئارام بول-
غاندۇ؟...» دەپ پاڭگىدە يىغلىۋەتتىم. گۆگۈم پەردىسى
قېلىنلىغانسېرى مېنى ئەنسىزلىك قورشىۋالدى. خۇددى
مېنى جىن بوغۇۋېتىدىغاندەك، ئاسماندىن ئېغىر بىر نەرسە
چۈشۈپ مېنى يانجىپ ماكچايتىۋېتىدىغاندەك قورقتۇم.
ھەر ھالدا بۇ كېچە تىنچ ئۆتتى. ئەمما، تىنچ ئۆتىدىكەن،
دەپ يېتىۋەرگىلى بولمايدۇ-دە.

ئەتىسى تاڭ سۈزۈلگەندە «تەۋەككۈل، پىرىم» دەپ
مېڭىۋەردىم. ماڭغانسېرى دىر - دىر تىترەپ كېتىۋاتىمەن.
ناگان - ناگاندا مۇز ئۆڭكۈرلەر ئۇچراپ قالىدۇ. گاھىدا
كىرپىدەك تۈگۈلۈپ، قۇيرۇقۇمنى ئىچىمگە تىقىپ ئولتۇ-
رۇۋالىمەن. پۇت - قولۇم ئىششىپ تاشتەك قېتىپ يول
مېڭىش تەس بولغاندا مۇز تاختىسىدىن پايدىلىنىپ تېيىل-
دىم. بىر كۈنى قاردەك ئاپئاق، قار پومزىكىدەك يۇمىلاق
بىر ئېيىق ئۇچرىدى. ئۇ ماڭا بىردەم نەزەر سالغاندىن
كېيىن:

— ھەي مايمۇن، سەن بۇ شىمالىي مۇز ئوكياندا نېمە
ئىش قىلىسەن؟ — دېدى.

مەن بولغان ئىشنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا دەپ بەر-
دىم. تارتقان جاپالىرىمنى سۆزلەۋېتىپ كۆزلىرىمدىن مۆل-
لىدە ياش سىرغىدى. دېمىسىمۇ قورسىقىم ئاچ نەچچە كۈن

يۇردۇم ئەمەسمۇ؟ قورساقلىرىم كـوركىرىسا قار-مۇز پار-
چىلىرىنى يېدىم. ئانام، دادامنىڭ يېنىدا شۇنداق بولسا
ئۇلار چىدامتى؟ قارنى كولايمەن، ئاستىدىن بىرەر تال
گۈل ئۇرۇقى يا يەر ياڭىقى چىقسىچۇ كاشكى! شۇ كۈنلەردە
ئورمانلىقتىكى مېۋىلەر كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ كەتتى...

— كېيىن قانداق قىلىپ بۇ يەرگە قايتىپ كېلەلە-
دىڭ؟ — بالا مايمۇن بىر تارىخىي ھېكايىنىڭ ئىچىگە
كىرىپلا كەتكەندى.

— ئۇ ياخشى نىيەتلىك ئېيىق ئىكەن. ئۇ مېنىڭ
ئېزىپ شىمالىي مۇز ئوكيانغا كېلىپ قالغانلىقىمنى، بۇ
يەرنىڭ قاتتىق سوغۇقلۇقىنى، مېنىڭ بەرداشلىق بېرەل-
مەيدىغانلىقىمنى دەپ، ماڭا يول خەرىتىسى سىزىپ بەردى
ھەم ھەركۈنى تاڭ ئاتقاندا كۈنگە ئەگىشىپ چۈشكىچە مې-
ڭىپ توختىشىمنى، شۇنداق قىلسام جەنۇبقا بارالايدىغانلى-
قىمنى دېدى.

مەن بۇ مويسىپىت ئېيىقنىڭ گېپىگە، خەرىتىگە بىر
ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي، ئاخىر يەنە*نائىلاج دېگىنىدەك
قىلدىم. ماڭىمەن، ماڭىمەن... يەنە شۇ قارلىق سوغۇق
دالا. گۈل - گىياھ، دەل - دەرەخسىز يەرنى يەر دېگىلى
بولمايدىكەن. قاچان ياپيېشىل گۈل - گىياھ، دەل -
دەرەخلەر ئۇچرار، دەپ ماڭدىم. كېچىلىرى بىر كىم پۇش-
تەك چالغاندەك «ھۇۋ - ھۇۋ» دېگەن ۋەھىمىلىك ئاۋاز،
شاۋقۇنلاردىن ئەنسىزلىككە چۆكەتتىم. توختىماي ئالتە
كۈن يول يۈرۈپ، بىز قاچقان ھېلىقى تاۋۇزلۇققا كېلىپ
قالدىم. بىر دەرەخنىڭ ئاستىدا دادام بىلەن ئانام بىر -

بىرىگە تاپا - تەنە قىلىشقانىكەن. ئىچ ئاغرىقىدىنمە-
كىن، ئۇلار ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ
قاپتۇ. ئۇلار مېنى تاۋۇزلۇق ئىچىدە بار دەپ ئويلاپ كۆندە
نەچچە پىرقىراپتۇ. ئۇلار مېنى كۆرۈپ باغرىغا مەھكەم
بېسىپ، يالاپ سۆيۈپ كەتتى. قاپىرىپ ئىششىپ كەتكەن
پۇت - قولۇمنى كۆرۈپ دادام تاراملاپ ياش تۆكتى. دادام
بىلەن ئانامنى كۆرۈپ بىر قاباھەتلىك چۈشتىن ئويغانغان-
دەك بولدۇم. يۈرىكىم جايىغا چۈشتى. بايا سەن «تاغدا
ئويناپ كېلەي» دېگەندە، ئاشۇ ئىشلار ئېسىمدىن كەچتى.
بەك بارغۇڭ بولسا، مەن بىللە باراي.

## 2

بالا مايمۇن خۇشال بولۇپ دادىسى بىلەن تاغقا ماڭدى.
ئۇنىڭ شوخ قىلىقلىرىدىن سۆيۈنۈپ مېڭىۋاتقان دادىسى
ئۆزىنى قەۋەتلا بەختىيار سەزدى. ئاقۇچ بۇلۇتلار ئۇلارنى
قوينىغا يوشۇرماقچى بولغاندەك بېشىنىڭ ئۇستىدىلا لەيلەپ
يۈرەتتى. تومان باسقان تاغنىڭ ئەگرى - بۈگرى تاشلىق
يوللىرى بارا - بارا ئۇلارنىڭ كەينىدە قالدى. تاغ قاپتىلىدا
ئېچىلغان ئاق، سېرىق، ھال رەڭ ياۋا گۈللەرنىڭ خۇش
پۇرىقى ئەتراپنى بىر ئالغانىدى.

— دادا، گۈللەرنى تاماشا قىلغاچ بۇ يەردە بىردەم
ئارام ئالايلىچۇ؟

— ھېرىپ قالدىڭمۇ؟

— ياق.

بالا مايمۇن «ياق» دېگەن سۆزنى شۇنداق كەسكىن دېدىكى، دادىسى مۇشۇ سۆزدىنلا بالىسىنىڭ كۈچ - قۇۋۋە-تىنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغانلىقىغا ئىشەندى. قاپتالدىكى غۇر - غۇر شامال گۈللەرنى ئىرغاڭلىتىپ ئۇسسۇل ئويناتماقتا ئىدى. ئۇلار چوڭ قوڭۇر تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ زوڭزى-يىپلا ئولتۇردى.

— ئاۋۇ پەستىكى بىزنىڭ ئورمانلىقىمىزمۇ، دادا؟

— شۇنداق، بالام.

— سىنىڭ ئاكاڭ بار ئىكەن - ھە، دادا؟ — تۇيۇقسىز سورىدى بالا مايمۇن.

— بۇنى نەدىن ئاڭلىدىڭ؟

— قايسى كۈنى بوۋام دەپ بەردى.

— بوۋاڭ نېمە دېدى؟

— داداڭنىڭ شەھەردە بىر ئاكىسى بار، — دېدى.

— يەنچۇ؟

— ئاخىرىنى سوراپ بولغۇچە بۇ يەرگە ماڭدۇق. ئاكاڭ شەھەردە نېمە ئىش قىلىدۇ؟

بالا مايمۇننىڭ تۇيۇقسىز سورىغان سوئالى ئۇنى مەڭ-دىتىپ قويدى. بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن ئۇ:

— بۇ مەن شىمالىي مۇز ئوكياندا ئېزىقىپ كېتىشتىن نەچچە ئاي بۇرۇن بولغان ئىشلار، — دەپ گېپىنى باشلى-دى دادىسى، — ئاكام بىلەن ئىككىمىز بىر كۈنى كەچتە «چىمەن كىنو كۇلۇبى» غا «مايمۇن پادىشاھ» دېگەن كى-نونى كۆرگىلى باردۇق. كىنودىكى مايمۇنلارنىڭ چەبدەس-چاققان ھەرىكەتلىرى، باتۇرلۇقى بىزگە قاتتىق تەسىر قىلدى-

غانىدى. كىنودىن يېنىپ كېلىپ ھاياجاندا ساق بىر كېچە كىرپىك قاقمىدۇق. ئاكام ماڭا ئۆزىنىڭ شەھەردە ياشاش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى. ئاكامنىڭ ئاشۇ ئايدىڭ كېچىدىكى خىياللىرى بەكمۇ گۈزەل ئىدى.

شۇ كۈنلەردە «شەھەردىكى سېرىك ئۆمىكىگە خىزمەتـ چى ئالىدىكەن» دېگەن خەۋەر تارقالدى. ئاكام دادام بىلەن ئانامنىڭ توسقىنىغا ئۇنىماي «مەن تاش ئورماندىن جاق تويدۇم» دەپ شەھەرگە چاپتى.

— تاغام شەھەردە نېمە ئىش قىلىدۇ، دادا؟

— سېرىك ئۆمىكىدە ئىشلەيدۇ.

— ۋاھ، تاغام قالتىسكەن...

— ھەۋەس قىلغۇدەك يېرى يوق، بالام.

— نېمىشقا؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى بالا مايمۇن.

— ئاكام شەھەرگە يېڭى كىرگەندە ئادەملەر ئاكامنى تۇتۇۋېلىپ ھايۋانات باغچىسىدىكى مۇزدەك تۆمۈر قەپەسكە سولاپ قويۇپتۇ. ئاكامنىڭ كۆزىگە ئۇلار دەسلەپتە جىن - ئالۋاستىدەك كۆرۈنۈپتۇ. ئۇلاردىن قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمىـ گەن ئاكام بۇرۇنقى شوخلۇقى بىلەن ھەرخىل قىزىقارلىق قىلىقلارنى قىلىپتۇ، موللاق ئېتىپتۇ، ئادەملەردەك ئۆرە مېڭىپتۇ، قۇيرۇقىنى چىشلەپ تۇرۇپ چاقپەلەكتەك پىرـ قىراپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەركۈنى باللار دۇررىدە يىغىـ لىپ، قەپەس ئىچىگە ئالما، نەشپۈت، كەمپۈت، پېچىنە تاشلايدىغان بوپتۇ. تاتلىق - تۈرۈملارنى يەپ ئاكامنىڭ تۈكلىرى پارقىراپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىرنەچچە ئادەم كېلىپ ئاكامنىڭ بويىنىنى تاسما بىلەن مەھكەم باغلاپ

يېتىلەپ سېرىك ئۆمىكىگە ئەكەپتۇ.
— تاغام شەھەرگە نېمىنى ئارزۇلاپ كىرگەن بولغىيـ
دى؟

— ئۇنىڭ چولپان بولغۇسى بار ئىدى. سېرىك ئۆمىـ
كىگە كەلگەندىن كېيىن ئاكام باغچىدا ئۆتكەن كۈنلىرىنىڭ
جەننەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپتۇ. ئۇ يەردە يەيدىغان
نەرسىلەر ئېشىپ - تېشىپ تۇرمايدىكەن. كۆزىگە كۆرۈنىـ
دىغىنى پەقەت بوينىدىكى تاسما بىلەن بەل، پۇتلىرىغا تېـ
گىپ تۇرىدىغان زەي قامچا ئىكەن. ئۆگەنگەن ھەرىكەتلەرنى
توغرا ئىشلىيەلىسە، سېركچى يانچۇقىدىن ئاز - تولا
تاتلىق - تۈرۈم ئېلىپ ئۇنىڭغا بېرىدىكەن.

## 3

دادىسى بىلەن تاغدا خۇشال ئوينىغان بالا مايمۇن تاغـ
دىن يېنىپ كېلىپمۇ خېلى كۈنلەرگىچە تاغدىكى گۈزەل
مەنزىرىلەرنى ئېسىدىن زادىلا چىقىرالمىدى. ئاقۇچ بۇلۇتـ
لاردىن، ئاپئاق قارلاردىن بېشىغا يوغان سەللە ئورىغان تاغ
ھەقىقەتەن ھەيۋەتلىك ئىدى. تۆگە لوكىلىرىدەك ئېگىز -
پەس كەتكەن سانسىز ئۆركەشلەر خاسىيەتلىك سەپەرگە
چىققان كارۋانلارنى ئەسلىتەتتى. بالا مايمۇن ئۇ يەردە
سەكرىدى،، موللاق ئاتتى، ئالىقىنىنى ياستۇق قىلىپ ئوخـ
دىسىغا يېتىپ پۇتلىرىنى مىنگەشتۈرۈپ زىغ - زىغ ئەتكەچ
ئارام ئالدى. تولغاندى، چىرقىرىدى، ھۇۋلىدى. زىل،
ئۈزۈنغا سوزۇلغان ئەكس سادا پۈتكۈل تاغدا خېلى بىر



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com